## 84028 ـ ئالى مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن باشقا شەھەرگە بارسا، ئۇ يەردە نامازنى قەسىر ئوقۇمدۇ؟

### سوئال

بىز ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، بىر تۇرىۋاتقان شەھەردە ئالى مەكتەپ يوق، مەكتەپ باشقا شەھەردە، بىزنىڭ مۇساپىرغا ئوخشاش نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشىمىز توغرا بولامدۇ؟، بىز ھەپتىدە ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزىمىز تۇرىۋاتقان شەھەرگە قايتىمىز؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بىرىنچى: سىلەر ئۆز شەھىرىڭلاردا بولغاندا ياكى مەكتەپتىن يۇرتۇڭلارغا قايتقاندا نامازنى تولۇق ئوقۇيسىلەر، چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ئەسلى ۋەتىنىڭلار.

ئىككىنچى: سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار بىلەن سىلەر ئوقۇۋاتقان مەكتەپ بار شەھەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە سەكسەن كىلومىتىر ئەتراپىدا بولسا، سىلەر سەپەر جەريانىدىمۇ نامازنى قەسىر ئوقۇيسىلەر.

ئۈچىنچى: سىلەر ئوقۇيدىغان مەكتەپ بار شەھەرگە كەلگەندە، ئۇ يەردە تۆت كۈندىن ئارتۇق تۇرۇشنى مەقسەت قىلساڭلار، سىلەر مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ نامازنى تولۇق ئوقۇيسىلەر. ئەمما سىلەر ئۇ يەردە تۆت كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق تۇرۇشنى مەقسەت قىلساڭلار ياكى قانچىلىك تۇرۇشتا ئىككىلىنىپ قالساڭلار، ئۇ ۋاقىتتا سىلەر مۇساپىرنىڭ ھۆكمىدە بولىسىلەر، تۆت رەكئەتلىك پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئىككى رەكەتتىن ئوقۇيسىلەر، لېكىن مۇقىم ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇغاندا، ئىمام بىلەن نامازنى تولۇق ئوقۇيسىلەر، سىلەرگە نامازنى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ. 21091-38079 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.